100 يىللىق كۈرەش يولى يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

# ئىنقىلاب ۋە ئەتىرگۈل

## —— دۆلەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ساڭجى خەلق ناخشىسى گۇۋاھ بولغان «قىزىل رومانتىكا»

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى
سۇ شياۋجۇ، رۇەن جۈۋېي

«ماساك دەرىخى بىلەن قىزىل چاتقال كەتكەندە گىرەلىشىپ، مەكتۇپ يازدىم نىگارىم ساڭا. قالدۇرۇپ سېنى يالغۇز ماڭدىم مەن ئەسكەرلىككە، قايتالمىسام ناۋادا ئۈچ ـ تۆت يىلغىچە، باشقا بىر جايدىن تاپقىن باشپاناھ». 1928 ـ يىلى يازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، قىزىل ئارمىيەنىڭ شىجاڭى خې جىنجېي مۇشۇ ساڭجى خەلق ناخشىسى ئارقىلىق سۆيۈملۈك خوتۇنى دەي گۈيشياڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقانىدى.

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، خې جىنجېي شىمېن نىشا بازىرىدىكى جەڭدە قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 27 ياشتا ئىدى.

«ماساك دەرىخى بىلەن قىزىل چاتقال كەتكەندە گىرەلىشىپ، مەكتۇپ يازدىم يارىم ساڭا قەلبىمنى قىلىپ ئىزھار. بىر يىل ئۆتسە كۈتەرمەن بىر يىل، ئىككى يىل ئۆتسە كۈتەرمەن ئىنتىزار بولۇپ، ئاچقۇچسىز قۇلۇپ ئېچىلماس زىنھار.» 1931 ـ يىلى يازدا، قايغۇلۇق خەۋەرنى ئاڭلىغان دەي گۈيشياڭ قاتتىق ئازابلاندى.

ئۇ بىر ئۆمۈر تول ئۆتتى، 60 نەچچە يىلدا ھەر كۈنى دىڭگودەك ئېرىنىڭ قەبرىسى ئالدىغا بېرىپ بۇ ناخشىنى ئېيتتى، تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۇ ھەر كۈنى ماساك دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن بىر ـ ئىككى تال ئۈزدى، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ياغاچ ساندۇقنىڭ ئىچىگە لىققىدە ماساك دەرىخى يوپۇرمىقى تولغانىدى.

خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىدا، خې جىنجېي ۋە دەي گۈيشياڭنىڭكىگە ئوخشاش «قىزىل رومانتىكا»لىق ھېكايىلەر خۇددى شۇ جايدا كۆپ ئۇچرايدىغان چاتقال ئۆسۈملۈك —— ماساك دەرىخىگە ئوخشاش تاغ ـ دالىنى قاپلىغانىدى.

ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ روھى خۇددى ماساك دەرىخىگە ئوخشايدۇ، بوران ـ چاپقۇنلاردا يىقىلمايدۇ، قار ـ شۇرغانلاردا ئېگىلمەيدۇ، شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ئوتتا كۆيۈپ كەتسىمۇ، يىلتىزى يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، باھار شامىلى چىقىشى بىلەنلا يەنە قايتىدىن بىخ چىقىرىدۇ!

زىمىستان قىشتا، مۇخبىرلار ئىلگىرىكى خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىنىڭ يادرولۇق بەلبېغى بولغان خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ جاڭجياجې شەھىرىگە كەلدى. بۇ جاي ئەينى يىللاردىكى جەڭ مەيدانى بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا تەبىئىي مىراسى ۋە نوپۇزلۇق داڭلىق مەنزىرە رايونى بولۇپ قالغانىدى.

يۇڭدىڭ رايونىدىكى داۋۇڭشى گۇاڭرۇڭ ساناتورىيەسىدە ئۆمرىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان خوۋ زۇڭيۈەن يەتتە يېشىدىلا ئاتا ـ ئانىسى، تاغىلىرى، ئاكا ـ يەڭگىسى بولۇپ يەتتە كىشى بىلەن بىللە قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقانىدى.

«بىر بومبا يېنىمدىلا پارتلاپ، ئۇنىڭ زەربىسىدىن دەرياغا چۈشۈپ كەتتىم، تەلىيىمگە، ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تۇتۇۋالغاچقا، سۇغا غەرق بولۇپ كەتمىدىم.» خوۋ بوۋا مۇنداق دېدى: «دادامنىڭ قورسىقىغا ئوق تېگىپ، يارىسى ئېغىر بولغانلىقتىن بىر نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئائىلىمىزدىكى سەككىز جاننىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى».

خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسى ۋە قىزىل ئارمىيە 2 ـ، 6 ـ جۈنتۇەنى، شۇنداقلا مۇشۇ ئاساستا تەشكىللەنگەن قىزىل ئارمىيە 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 500 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكىرىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىسى ۋە جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيەسى 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان جاي خاتىرە سارىيىدىكى بىر ھەيكەلدە ئۈچ قىزىل ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلا بىلىكى بار ئىدى. خاتىرە سارايىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەن جاڭخېك مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيە 2 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىدىن خې بىڭيەن، يۈ چيۇلى، يەن فۇشىڭدىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر «دۆلەت قۇرۇشقا قاتناشقان بىر بىلىكى يوق جياڭجۈنلەر» چىققان.

چۈشەندۈرگۈچى گۇ شيۈچىن كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 1935 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، شۇ يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن قىزىل ئارمىيە شىجاڭى خې بىڭيەن شىددەتلىك جەڭدە ئوڭ بىلىكىگە ئوق تېگىپ يارىلانغان، يارىسى ئېغىرلاپ كەتكەن بولغاچقا، بىلىكىنى جەزمەن كېسىۋېتىش كېرەك ئىدى. ناركوز دورىسى بولمىغان ئەھۋالدا، خې بىڭيەن دوختۇرغا ياغاچچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ھەرە بىلەن بىلىكىنى كېسىۋېتىشنى ئېيتقان.

«ھەرە بىلەن ‹غاچۇر ـ غۇچۇر› قىلىپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق كەسكەندە، ئاغرىق ئازابىدىن خې بىڭيەن ئاغزىدىكى لۆڭگىنى چىشلەپ نەچچە يەردىن تېشىۋەتكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن خې لۇڭ يەردىن بىر نەچچە پارچە قىپقىزىل قانغا مىلەنگەن سۆڭەك پارچىسىنى ئېلىپ، ئەتراپىدىكى قىزىل ئارمىيە كادىرلىرى، جەڭچىلىرىگە مۇنداق دېگەن: قاراڭلار! بۇ خې بىڭيەننىڭ سۆڭىكى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۆڭىكى، نېمىدېگەن قاتتىق ھە!»

جاڭجياجې شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى گو تيەنباۋنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، 1927 ـ يىلدىن 1936 ـ يىلغىچە، جاڭجياجې رايونىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىنقىلابقا قاتناشقان، 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان، 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، نۇرغۇن ئائىلە ئائىلە بويىچە ئىنقىلابىي قۇربان بولغان.

جاڭجياجې شەھەرلىك كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى چېن مېيلىن مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرىنىڭ جاسارىتى ساڭجى خەلق ناخشىلىرىدا يورۇقلۇققا ئىنتىلىش جەڭ بۇرغىسىنى ياڭراتتى —— «لازا يەيدىغانلار قورقماس ئاچچىقتىن، قىزىل ئارمىيە قورقماس ئۆلۈمدىن. مەيلى قىلىچ چېپىلسۇن بوينىمىزغا، كاللىمىز كېسىلسىمۇ قىلمايمىز پەرۋا!»

ۋۇلىك تېغىدا كېتىۋاتقاندا، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەدىمىي تۇرالغۇسى، قىزىل ئارمىيە دوختۇرخانىسى، جەڭ مەيدانى خارابىسى، قىزىل سوۋېتنىڭ كونا جايى... سانسىزلىغان قەھرىمانلارنىڭ غەيرەت ـ شىجائەتكە تولغان ئۆتكەن ئىشلىرى ماساك دەرەخلىرى ئارىسىدا قان بىلەن ئوت، ياش بىلەن كۈلكىگە تولغان ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ تۇراتتى.

قىزىل ئارمىيە 2 ـ جۈنتۇەنىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى ۋېي تيەنلۇ ئەسلەپ مۇنداق دېدى: قىسمىدا دائىم ئاشلىق ئۈزۈلۈپ قالاتتى، ياۋا كۆكتات يىغىپ، دەرەخ يىلتىزلىرىنى كولاپ يەپ قورساق تويغۇزاتتۇق. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بىر تال پىششىق ياڭيۇ تېگىپ قالسا، ناھايىتى مەززىلىك، قىممەتلىك بىلىنەتتى، قولىمىزدا ئاۋايلاپ تۇتۇپ يەپ، ئازراقمۇ زايە قىلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايتتى. بەزىلەرنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، چايناپمايلا يۇتۇۋېتەتتى. باشقىلارنىڭ ئالدىرىماي يېگىنىنى كۆرۈپ، بەك پۇشايمان قىلاتتى. بەزىدە ياڭيۇ ئاز، ئادەم كۆپ بولغاچقا، ياڭيۇنى ئېزىپ ياۋا كۆكتات ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ ئېتىپ، كۆپچىلىك بۆلۈشۈپ يەيتتۇق.

جاڭجياجې خۇنەن، خۇبېي، سىچۈەن، گۈيجۇ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسى خاتىرە سارىيىنىڭ مۇئاۋىن سارايى باشلىقى شۇ دەن، چۈشەندۈرگۈچى دۇ شۇاڭ مۇنداق دېدى: قىزىل ئارمىيە ھەممىلا يەردە ئاممىنىڭ غېمىنى يەيتتى. يەرلىك زومىگەرلەرگە زەربە بېرىپ مۇسادىرە قىلغان نەرسىلەرنى ئاممىغا تۇيدۇرماي يەتكۈزۈپ بېرەتتى؛ ئاممىنىڭ يەر تېرىشى، سۇ توشۇشى، ئۆي رېمونت قىلىشىغا ياردەملىشەتتى؛ ئاممىنىڭ يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىنىمۇ ئالمايتتى، ئاممىنىڭ بىر تال گىياھىغىمۇ تەگمەيتتى... خاتىرە سارايىدا ھازىرغىچە ئەينى يىللىرى قىزىل ئارمىيەنىڭ كۆكتاتچى دېھقانلارغا بازار باھاسىدىن يۇقىرى باھادا ھېسابلاپ بەرگەن ئون كۆمۈش تەڭگىسى ساقلانماقتا.

چېن مېيلىن مۇنداق دېدى: قىزىل بوران ـ چاپقۇن ۋە ئاق تېررورلۇق ئالدىدا خەلق كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشنى تاللىغان! بەس ـ بەستە ھەربىي سەپكە قاتناشقان، ئۇرۇشقا ياردەم بەرگەن، ماددىي ئەشيا توپلىغان...

ساڭجى خەلق ناخشىسىدا مۇنداق ئېيتىلىدۇ: «تۇنجى قېتىم قىزىل ئارمىيەنى نەنشەن تېغىدىن ئۇزاتقاندا، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ كۈز شامىلى يۈزگە ئۇرۇلغانىدى... ئونىنچى قېتىم قىزىل ئارمىيەنى ئۇزىتىپ قايتقاندا، ۋۇلىك تېغى چوققىسىغا ئېگىز سۇپا ياسالدى...» «كىچىكنىچەك، تېز ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئىشىك ئالدىغا پانۇس ئېسىڭ، چوڭ يولنى يورۇتۇڭ، يولداشلارنىڭ ھەربىي يۈرۈش قىلىشىغا قولاي بولسۇن».

بېلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببەت، ھايات ـ ماماتتا بىللە بولۇش، قىزىل ئارمىيە ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈمگە تېخىمۇ پىسەنت قىلمىغان.

قىزىل ئارمىيە 4 ـ جۈنى 1 ـ شىسى 1 ـ تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى خې گۈيرۇ جەڭ مەيدانىدا مۇنداق توۋلىغان: «يولداشلار، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ گۈرۈچ تامىقى يېيەلىشى ئۈچۈن ئالغا!» ئۇ يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، يەتتە پاي ئوق تېگىپ قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 33 ياشتا ئىدى.

1951 ـ يىلى، خې لۇڭ نەۋرە ئاكىسىنىڭ خوتۇنى چېن گۈيىڭ (خې گۈيرۇنىڭ ئانىسى)غا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: جىيەن ئوغلۇم خې گۈيرۇنىڭ قانلىرى بىكارغا ئاقمىدى، ئۇنىڭ بەدىلىگە جۇڭگو ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى، بۇ ناھايىتى شەرەپلىك!

مۇخبىرلار زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، مەيلى قويۇق ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىغا بارغاندا بولسۇن، ياكى شەھەر ـ يېزا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە مەيدانلىرىغا بارغاندا، ئىناقلىق ناملىق ئوق پويىز ياكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغاندا بولسۇن، ھەممىلا يەردە ساڭجى خەلق ناخشىسى قىزىل تاغ ناخشىسىنىڭ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ھەممىلا يەردە گۈللەپ ياشناۋاتقان مەنزىرىنى كۆردى.

سىلى ناھىيەسى شىكوۋ بازىرى جاڭشۇ كەنتىدىكى «جۇڭخۇا سوۋېت ھاكىمىيىتى شىكوۋ رايونلۇق ھۆكۈمەت»نىڭ كونا ئورنى جايلاشقان يەردە، ئېتىزلىقلاردا جىنجيۇ نەشپۈتى، ئۈزۈم، تاۋۇز، شاپتۇللار كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلگەندى؛ قىرغاق سۇ رايونى ساھىلىدىمۇ دالا ساياھىتىنى كېڭەيتىش تۈرى يولغا قويۇلغانىدى.

كەنت ئاھالىسى ۋاڭ جياشۈن مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: پۈتۈن كەنتتىكى 680 مودىن ئارتۇق يەر ئوبوروت قىلىنىپ، ساياھەت ۋە مېۋە ـ كۆكتات ئۆزۈش قاتارلىق يېشىل ئىقتىساد تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، پۈتۈن كەنتتىكى 1300 دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاشتى، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتتى.

خې جىنجېي قەبرىسىنىڭ بىر تەرىپىدە، ماساك دەرەخلىرى ئوراپ تۇرغان ساڭجى ناھىيەسى خوڭجياگۇەن گۇاڭرۇڭ ساناتورىيەسى بار. 60 ياشلىق ساناتورىيە باشلىقى خې شياۋيىڭ ناھايىتى پەخىرلەنگەن ھالدا مۇخبىرلارغا «قايتا تەكلىپ قىلىش گۇۋاھنامىسى»نى كۆرسەتتى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، خې شياۋيىڭ دەي گۈيشياڭ قاتارلىق 100دىن ئارتۇق پېشقەدەم ئىنقىلابچىغا مۇلازىمەت قىلدى. «پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەر ئىنتايىن كۆيۈنىدۇ، گۇاڭرۇڭ ساناتورىيەسىنىڭ خىزمىتى بارغانسېرى ياخشى ئىشلىنىۋاتىدۇ».

خوڭجياگۇەن گۇاڭرۇڭ ساناتورىيەسىنىڭ كەينىدىكى كۆز يەتكۈسىز تاغلار ئارىسىدا يېشىل ئىقتىساد قەد كۆتۈرمەكتە، تاغنى قاپلىغان ياۋا زۇڭزا يوپۇرمىقى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازار تېپىپ، 80 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى؛ «ساڭجى ئاق چېيى»نىڭ خۇش پۇرىقى ھەممە يەرنى قاپلىدى، مەھسۇلات قىممىتى 228 مىليون يۈەنگە يەتتى... بۇلتۇر ساڭجى ناھىيەسى يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ۋە ئاز كۆرۈلىدىغان قاتتىق يامغۇرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 29 مىڭ 106 ئائىلىدىكى 98 مىڭ 575 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

ساڭجى خەلق ناخشىسى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ۋارىسى شياڭ زورۇڭ مۇنداق دېدى: ساڭجى خەلق ناخشىسى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەبىئىي ئاپەت، جەڭلەردە ئېلىشقان چاغدىكى چۇقانلىرىدا بارلىققا كېلىپ، بۈگۈنكى كۈندە يېڭى دەۋردىكى گۈزەل تۇرمۇش يۈگمە رەسىمىنى كۈيلىمەكتە. خۇددى «ئەڭ گۈزەل جاي يەنىلا باداگۇڭ تېغى» دېگەن يېڭى ناخشىدا ئېيتىلغاندەك: ئاسما راۋاقتا تۇرىدۇ ئەۋلىيا، سۇ چاقپەلەكتە سۇ تارتىلىپ ئېتىزلار سۇغىرىلار؛ گۈللۈك پانۇسلار ئۇچۇپ ھەريان رەڭدار چۈشنى قوغلىشار، داقا ـ دۇمباق ساداسى تاغ ئىچىدە جاراڭلار؛ ئەجدادلار قالدۇرغان ناخشا ـ ئۇسسۇللار، تا بۈگۈنگىچە شانلىق نۇر چاچار...

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا، 2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى سەككىز قىسىملىق سىياسىي مۇھاكىمە مەخسۇس فىلىمى «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» كۆرسىتىلىشكە باشلىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي يىڭ)**: مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى سۈرەتكە ئالغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى سەككىز قىسىملىق سىياسىي مۇھاكىمە مەخسۇس فىلىمى «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال قانىلى، يېزا ئىگىلىكى، يېزا قانىلىدا كەچلىك ئالتۇن ۋاقىتتا تۇنجى قېتىم كۆرسىتىلىدۇ.

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ فىلىمدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانى زىچ چۆرىدىلىپ، بۇ مۇھىم بايانىنىڭ جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە تۈپ مىزان ئىكەنلىكى شەرھلەپ چۈشەندۈرۈلگەن؛ دىققەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر «خەلقنى مەركەز قىلىش»تەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىدىيەسى ۋە بۇرچ، مەسئۇلىيەتكە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، نامراتلىققا جەڭ ئېلان قىلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى 100 مىليونغا يېقىن نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، 832 نامرات ناھىيەنىڭ ھەممىسىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتكەنلىكىدەك ھېكايە بايان قىلىنغان؛ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ چوڭ، سالمىقى ئەڭ كۈچلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ۋە ناھايىتى ئىجادىيلىقتا، ئۆزگىچىلىككە ئىگە مۇھىم، زور تەدبىرلەر ئارقىلىق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك ئىقتىدارى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى نامايان قىلىنغان.

«نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش» —— «تەنتەنىلىك ۋەدە» «دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش» «بۇرچنى زىممىگە ئېلىش» «كۈچنى بىرىكتۈرۈپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش» «بەل قويۇۋەتمەسلىك» «ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى» «تەقدىرداش بولۇش» «قايتا يېڭى سەپەرنى باشلاش»تىن ئىبارەت سەككىز قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي نۇقتىسىدىن جۇڭگونىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئاجايىپ ھەرىكەت ۋە جاھان مۆجىزىسىنى نامايان قىلدى؛ پۈتۈن يەر شارىدا نامراتلارنى ئازايتىش دۇنياۋى نۇقتىسىدىن جۇڭگو ئەقىل ـ پاراستى، جۇڭگو لايىھەسى ۋە جۇڭگو تۆھپىسىنى ھەر تەرەپلىمە گەۋدىلەندۈردى؛ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى ۋە نامراتلارنى يۆلەشتىكى ھەربىر ھەققىي ھېكايە ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش نەزەرىيەسى، نامراتلارنى يۆلەش ئەندىزىسى، نامراتلارنى يۆلەش روھىنى خۇلاسىلىدى، تاۋلىدى؛ سىياسىي مۇھاكىمە بىلەن خاتىرە بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق «جۇڭگو نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قانداق غەلىبە قىلدى» دېگەن بۇ باش تېمىنى ئومۇمىيۈزلۈك شەرھلىدى.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازارلىرىنىڭ چاغانلىق سېتىش سوممىسى 80%تىن كۆپرەك ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، توردىكى ئىستېمالنى پائال يېتەكلەپ، ئېلېكترونلۇق سودا توردا مال سېتىۋېلىش، توردا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستېمال ئېھتىياجىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلدى. ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى سودا ئوبوروت كارخانىلىرى مال مەنبەسىنى تەشكىللەش سالمىقىنى زورايتىپ، بايرام مەزگىلىدىكى بازار تەمىناتىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ، باھانىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

كۆزىتىش ـ ئۆلچەشكە ئاساسلانغاندا، چاغان مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 31 نۇقتىلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى، ھەرقايسى جايلاردىكى نۇقتىلىق چوڭ تىپتىكى سودا سارايى، تاللا بازارلارنىڭ ھەممىسى نورمال تىجارەت قىلغان، كۈندىلىك تىجارەت ۋاقتى بىردەك ئون سائەتتىن ئاشقان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، سۇ مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى مۇقىم، مىقدارى يېتەرلىك بولۇپ، ئىستېمال بۇيۇملىرى بازىرىدا ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم ئايلىنىش ھالىتى نامايان بولغان.

بايرامدىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى ھەرقايسى جايلاردىكى سودا تارماقلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ھۆكۈمەت زاپىسى، سودا ئامبار زاپىسى، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان تايانچ كارخانىلارنىڭ سانى، چاغان مەزگىلىدىكى نوپۇس كۆلىمى، مال مەنبەسىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان كۈن سانى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋاللارنى ئېنىقلاشقا ئورۇنلاشتۇردى. بايرام مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرى نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازىرىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەشنى كۈندىلىك مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئالدىن مۆلچەرلەش، ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى ۋاقتىدا ياخشى ئىشلەپ، بايراملىق بازار تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قىزىل ھاراق، گىرىم بۇيۇملىرى، شاكىلات، كالا سۈتى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار كۆپەيگەن.

«چاغان شىركىتىمىزنىڭ نۆۋەتچى پويىز كەسپىنىڭ جانلىنىش مەزگىلى، تاموژنا ۋە تۆمۈريول خىزمەتچىلىرى 24 سائەت ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەشغۇلات قىلىپ، بىزنىڭ ۋاكالەتچىلىك كەسپىنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپ، دۆلەت ئىچكى ئىستېمال بازىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تېز تولۇقلىشىمىزغا ياردەم بەردى» دېدى ئالاتاۋ پورتىدىكى مەلۇم خەلقئارا يۈك تىرانسپورت ۋاكالەتچىلىك كارخانىسىنىڭ دىرېكتورى ۋۇ جياك.

جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ بىخەتەر، راۋان قاتنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئالاتاۋ تاموژنىسىنىڭ تاموژنا ساقچىلىرى ئىش ئورنىدا چىڭ تۇردى ھەم جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى مەخسۇس كۆزىنىكى تەسىس قىلىپ، تۆمۈريول قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە زىچ ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە مەشغۇلات قىلىپ، ئالتە تۈرلۈك قەغەز تالوننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنى ئىمپورت بويىچە تاموژنىدا يۆتكەش سىستېمىسى ئارقىلىق ئاپتوماتىك سېلىشتۇرۇپ «سىكۇنت ئىچىدە ماڭدۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نۆۋەتچى پويىزنىڭ پورتتا توختاش ۋاقتىنى ئەڭ زور چەكتە قىسقارتتى. «بۆلۈمىمىزدىن سەككىز يولداش بىرىنچى سەپتە ئىككى نۆۋەت ئالمىشىپ ئىشلەپ، چېگرادىن كىرىپ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ۋە يۈك پويىزىنى بىرىنچى ۋاقىتتا تەكشۈرۈپ ماڭدۇردى» دېدى ئالاتاۋ تاموژنىسى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش 2 ـ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى شۇ يۆخېك.